# چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قەۋرىگاھى ھەققىدە يۈزەكى ئىزدىنىشلەر...

توغراق

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قەۋرىگاھى ھەققىدە يۈزەكى ئىزدىنىشلەر ...

چىڭگىزخان مىلادىيەنىڭ 1164-يىلىدىن 1227-يىلىغىچە ياشاپ ئۆتكەن دۇنياۋى مەشھۇر شەخس بولۇپ، ئۇ كۆپ مىللەتلىك يۈەن سۇلالىسى ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ "بوز قىر" مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تارتىپ دۇنياۋى مەدەنىيەت ئالمىشىش ۋە يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ قايتا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى...، ئەينى دەۋر يۈەن سۇلالىسى تارىخى كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق تەتقىقاتلار ئارقىسىدا خېلىلا مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ ئەپسۇسكى بۇ مەشھۇر شەخسنىڭ دەپنىگاھى تا ھازىرغىچە دۇنياغا سىر بولۇپ تۇرماقتا...مەملىكىتىمىز، ياپونىيە، تاشقى موڭغۇلىيە ئالىملىرى 1992-يىلىدىن بۇيان بۇ ساھادە ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بارغان بولسىمۇ تا ھازىرغىچە بىرەر ئىلمىي بايقاشنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى نامەلۇم.... مەن 1987-يىلىدىن باشلاپ بۇ سىرلىق ئادەمنىڭ قەۋرىگاھى توغرىسىدا قىزىقىشلىق ئىزدىنىشلىرىمنى باشلىغان ئىدىم... تۆۋەندە ئۆز بايقاشلىرىم ئاساسىدا كۆز قاراشلىرىمنى يۈزەكى بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق تاپتىم...ئۈمىدىم شۇكى دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ مۇشۇ ئاددىي كۆزنەكتە تارقاتقان ئۇچۇرۇمغا دىققەت قىلىپ... بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرىنى توغرا نىشان ئاساسىدا قايتا باشلىغۇسى .....

~~~~~~~~~~~~

مەلۇمكى چىڭگىزخاننىڭ 1227-يىلى تاڭغۇتلارغا قارشى جازا يۈرۈشىدە ئۆلگەنلىكى، ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمىگە ئالاقىدار بارلىق تەپسىلاتلارنىڭ سىرتقى دۇنيادىن سىر تۇتۇلغانلىقى، كېيىنچە ئۇنىڭ جەسىدىنى "قارا قۇرۇم"دىكى "ئونون دەرياسى" بىلەن "قۇرۇلۇن دەرياسى"نىڭ قوشۇلغان جايىدىكى "بۇرھان خالدۇن" دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغانلىقى، بۇ يەردە "بىر تۈپ ياڭاق
~~~~~~~~~~~~

دەرىخى"نىڭ بارلىقى، بۇ جايىنى ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۆزى تاللىغانلىقىنى بىلىمىز، ئۇنداقتا بۇ جاي ھازىر نەدە؟.... موڭغۇل تارىخىنى ئۆگەنگەن ھەرقانداق ئادەم شەكسىزكى بۇ جايىنى تاشقى موڭغۇلىيەدە..دەپلا جاۋاپ بېرىدۇ،..لېكىن مېنىڭ ئىزلىنىشلىرىمگە كۆرە بۇ نامدا ئاتالغان جايدىن ئىككىسى بار!...خەرىتىدىگە قارايدىغان بولساق "قارا قۇرۇم " تېغىدىن تاشقى موڭغۇلىيەدە بىرسى...شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بىرسى بارلىقى ئايان بولىدۇ، يەنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى سوزۇلۇپ ياتىدۇ ...، كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى دەل مۇشۇ "قارا قۇرۇم " دىگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت، ئەسلى نامى "قارا قۇرۇلۇن" بولۇشى كېرەك، (بۇ ھەقتە تەپسىلى ماتېرىيال كورمەكچى بولسىڭىز " شىنجاڭ گېزىتى" نىڭ 1998 -يىلى 8 -ئاينىڭ 4 -كۈندىكى شىرىن قۇربان يازغان" قارا قۇرۇم ۋە كۇئېنلۇن" ئىلمىي ماقالىسىگە دىققەت قىلىڭ) قارا قۇرۇم تاغ سىستېمىسى بىلەن كۇئېنلۇن تېغىنىڭ قوشۇلىشىدىن شەكىللەنگەن كۇئېنلۇن تېغى سىستېمىسى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلىقىدىكى ھىمالايا تاغ سىستېمىسى، ھىندىقۇش تاغ سىستېمىسى ۋە تەڭرى تاغ سىستېمىسىدىن تۈزۈلگەن غايەت زور تاغلار سىستېمىسى پامىر ئېگىزلىكىدە ئۆز-ئارا قوشۇلۇپ غايەت زور تاغلار ئومۇرتقىسىنى تەشكىل قىلىپ "دۇنيانىڭ ئۆگزىسى" "تاغلار ئومۇرتقىسى" دەپ تەرىپلەنمەكتە، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچى "ۋاخان كارىدورى"دىن باشلىنىپ "ھىندىقۇش تاغ تىزمىسى"بىلەن تۇتىشىدۇ، كۇئېنلۇن تېغى غەربتە پامىر ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ شىنجاڭ-شىزاڭ چېگرا لىنيەسىنى بويلاپ شەرققە سوزۇلۇپ تاكى چىڭخەي، سىچۈەن ئۆلكىلىرىگە قەدەر بارىدۇ،كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 2500 كىلومېتىر كەڭلىگى 150 -350 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يۇرتىمىز شىنجاڭ ئىچىدىكى ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 1700 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۇئېنلۇن تېغى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجى پەسىيىپ بارىدۇ،شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قىسمى ئۆز ئىچىدىن "غەربىي كۇئېنلۇن" تېغى "ئوتتۇرا كۇئېنلۇن"تېغى ۋە "شەرقىي كۇئېنلۇن"تېغى دەپ 3 قىسىمغا بولۇنىدۇ،ئادەتتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيەسى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىسمى "غەربىي كۇئېنلۇن" دەپ ئاتىلىدۇ،"غەربىي كۇئېنلۇن" نامىدىكى قارا قۇرۇم تېغىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 800 كىلومېتىر، كەڭلىگى 240 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئوتتۇرىچە ئېگىزلىككە جايلاشقان، يۇرتىمىز تەۋەسىدىكى قارا قۇرۇم تېغى شەرقتىن شىمالغا قاراپ سوزۇلىدۇ، بۇ تەۋەلىكتىكى تاغلارنىڭ جىلغىلىرى چوڭقۇر ۋە خەتەرلىك، دەريا-ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىشى تىز

ۋە مۇرەككەپ بولۇپ ئۇزۇلمەس سۇمەنبەسىدۇر، ئومۇمي جەھەتتىن ئالغاندا تېمپېراتۇرىسى نىسبەتەن تۆۋەن،بىز دىققەت نەزىرىمىزنى ئاغدۇرماقچى بولغان "قارا قۇرۇم تېغى" دەل مۇشۇ ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئاساسىي ئومۇرتقىسىنىڭ بىرقىسمى بولغان يۇرتىمىزنىڭ قەشقەر-قاغىلىق ناھىيەسى بىلەن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى ۋە كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ زېمىننى كۆرسىتىدۇ،

~~~~~~~~~~~`~~~~~~~~

ھەممىمىزگە مەلۇمكى چىڭگىزخان خارازىم شاھى سۇلتان مۇھەممەدكە (بۇ ۋەقە موللا مىرسالاھ كاشغەرىنىڭ قولىيازمىسى ئاساسىدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشىر قىلغان "چىڭگىزنامە" ئەسىرىنىڭ26-32 بەتلىرىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان.*.) قارشى جازا يۈرۈشىنى باشلاپ قىلىپ ياۋرو-ئاسىيا قىتئەسىگە قىلغان ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىدا سۇلتان مۇھەممەت ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قاچىدۇ.. قورقانچاق سۇلتان مۇھەممەدنىڭ جەسۇر ۋە باھادىر ئوغلانى بولمىش "سۇلتان جالالىددىن" ئۇرۇشتا تەسلىمچىلىكنى خالىماي چىڭگىزخان بىلەن قانلىق ئۇرۇش قىلغاچ ھىندىستانغا چېكىنىدۇ، چىڭگىزخان جالالىددىننى قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى ئاتلانغان بولۇپ، ئۇ تاكى "ھىندى دەرياسى"غىچە ئۇنى قوغلاپ بارغان ئىدى، ئەينى دەۋردىن بىزگە يەتكەن ئۈچۈرلارغا قارىغاندا چىڭگىزخان جالالىددىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زور تەۋەككۇلچىلىككە يول قويغىچە ئۇنىڭدىنمۇ پايدىلىق بولغان ئوتتۇرا يولدىن ھۇجۇم قىلىشنى تاللىغان بولىشى كېرەك؟...(بۇ تەپسىلات "چىڭگىزنامە"نىڭ 33-34-بەتلىرى بايان قىلىنغان *) شۇڭا ئۇ زور قوشۇننى باشلاپ پامىر ئېگىزلىكىدىن تاشقورغاننىڭ "بۇرامسال" تاغلىق يېزىسى ئارقىلىق قاغىلىقنىڭ "چوخشى"(چوخسى دېمەك چوخسۇ دېمەكلىك بولسا چوقۇمكى بۇ سوزنىڭ مەناسى زور قوشۇن...كۆپ ئارمىيە..دېگەنلىك بولىدۇ؟..) تاغلىق يېزىسىنى ئايلىنىپ "كەشمىر" گە ئوتۇپ ھىندىستانغا قارشى جازا يۈرىشى قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن (موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى "شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 256- 260-بەتلەر..*)، شۇ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە ئېگىز تاغ ۋە شالاڭ ھاۋاغا.. ناچار مۇھىتقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن موڭغۇل قوشۇنى زور تالاپەتكە ئۇچرىغان ۋە چىڭگىزخانمۇ ئۆزىنىڭ ئامراق خوتۇنى "قۇلان قاتۇن"دىن ئايرىلغان ۋە ئۇنى " شىمۇرىغان ئۆزۈلمەي چىقىپ تۇرىدىغان، ھاۋاسى شالاڭ، يىل بويى قار-مۇز كەتمەيدىغان بىر زېمىندىكى مۇز قاپلىغان شىددەتلىك ئېقىنلىق دەرياغا دەپنە قىلغان "ئىدى... بۇ تەپسىلاتقا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان جاي پەقەتلا قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ
~~~~~~~~~~~

چوخشى يېزىسى بىلەن كەشمىر ئاردىسىدىكى قارا قۇرۇم تاغلىرى ۋادىسىدىن ئىبارەت خالاس ....، چىڭگىزخان ئەينى دەۋر ھەربى ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىگە (موڭغۇل قوشۇنى ئەينى دەۋردە 3 يولغا بولۇنۇپ ھەركەتلىنىپ بىر قىسمى ياۋروپادا... بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادا..بىر قىسمى "جىن سۇلالىسى"گە قارشى ھەربىي يۇرۇشتە ئىدى ..265-257-بەتلەر...) كورە ھىندىستانغا قارشى يۇرەكلىك ھالدا جازا يۇرۇشى قىلىشقا پېتىنالمىغان ۋە ئوزىمۇ "ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ ئاتتىن يىقىلىپ كەتكەنلىگى ئۇچۇن ئاغرىپ قالغان " ئىدى... شۇ سەۋەپلەرگە كۆرە چىڭگىزخان مىلادىيەنىڭ 1222-يىلى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ "سەمەرقەند" بىلەن ئافغانىستاننىڭ "غەزنە" شەھەرلىرى ئارىلىغىدا تۇرۇپ قالغان ۋە "شەندوڭ"لۇق كاتتا تېۋىپ شىڭ شىن جېن رېن دىگەن زاتنىڭ داۋالىشىنى قوبۇل قىلغان، تارىخىي يازمىلاردا خاتىرىلىنىشىچە بۇ ۋەقە "ئولمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزلەش" دەپ ئاتالغان ئىدى... مەزكۇر تېۋىپ چىڭگىزخانغا ئولمەسلىكنىڭ دورىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن.. يەنى چىڭگىزخاننىڭ ئېغىرلىشىپ سەكراتقا چۇشۇپ قالغان ھاياتىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقى ئايان بولغاندىن كېيىن تېۋىپنى يولغا سېلىپ قويغان ئىدى... ئەمىلىيەتتە دەل شۇ ۋەقە يۇز بەرگەن ۋاقىتتا چىڭگىزخان ئەجەللىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇشى ۋەياكى ئۆلگەن بولۇشى مۇقەررەرلىكتۇر )...! چىڭگىزنامە 34-بەتلەر..*) چۇنكى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۇرۇشلىرىنىڭ ئەڭ جىددىي پەيتىدە ئوغلى "جۇجىخان" چىڭگىزخاننىڭ يارلىغىغا پەسەنت قىلماي "قىپچاق دالاسى مىدىن" چاقىرتىلغاندىمۇ كەلگىلى ئۇنىمىغان ئىدى!... (چىڭگىزخان دەل شۇ ۋاقىتلاردا ئۆلگەن ۋە بۇ "سىر" ئۇنىڭ ئوغلى "جۇجى"غا ئايان بولغان ئىدى... شۇڭا ئۇ ئۆزى پەرمانغا بويسۇنۇپ قايتىپ كەلسە شەكسىزكى "ساپ موڭگۇل نەسلى"دىن بولمىغان چوڭ ئوغۇل جۇجىنىڭ تەقدىرى تەختتالاش كۇرەشلىرىدە ئېنىقكى پاجىئەلىك بولغان بولاتتى!....( موڭگۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى 244-245-بەتلەر")

ئۇنداقتا چىڭگىزخان ئولگەندىن كېيىن نېمىشكە تاشقى موڭغۇلىيەگە ئەمەس بەلكى قاغىلىق ناھىيەسىگە تەۋەسىگە دەپنە قىلىنغان؟...مېنىڭ بۇ بايانىمنى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق ئىسپاتلىشىم ئۇچۇن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرايلى :

~~~~~~~~~`

(1قۇرۇلۇن دىگەن نام توغرىسىدا .

كوپچىلىك يازما ماتېرىياللاردا بۇ نام كىلۇرەن، كىلۇرۇن، كىرۇرۇن، قۇرۇلۇن، قۇرۇلەن دىگەن ناملاردا ئۇچرايدۇ(چىڭگىزنامە، موڭگۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى ۋە "شىنجاڭ
~~~~~~~~~

گىزىتى"نىڭ 1998 ـ يىلى 08 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى شىرىن قۇربان يازغان " قارا قۇرۇم ۋە كوئىنلۈن" ئىلمىي ماقالىسىگە دىققەت قىلىڭ ..)، ھالبۇكى بۇ نام دەل ھازىرقى قارا ـ قۇرۇمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئىدىقىتا چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسى جايلاشقان موڭغۇل دالاسىدىكى "قارا قۇرۇم" نىمە سەۋەپتىن يۇرتىمىزغا "كۆچۈپ" كەلگەن؟..

مىنىڭچە بولغاندا بۇنى پەقەتلا ھونلارنىڭ كۆچمەن تۇرمۇشى ۋە قەدىمقى زاماندىكى ھون ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى موڭغۇل دالاسى بولمىش "ئوردۇس يايلىقى بىلەن يىلتىزداشلىقىقا ئىگە تارىخلىرى ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن، شۇنداقلا "ھىندى دەرياسى " نامىدا ئاتالغان قەدىمقى دەريانىڭ ئاتىلىرىمىزنىڭ يازمىلىرىدا (تۈركى تىللار دىۋانى ـ 1توم 40 ـ بەت.. دەسلەپكى دۇنيا خەرىتىسى ھىند ۋە سىند بولىدىكەن...)سەيھون دەرياسى دىمەك دەل ھونلارنىڭ سۈيى دىمەكلىكتۇر...بۇ دەريا ئەرتىش ياكى ئامۇر دەريالىرىنى كۆرسەتسە كېرەك؟..."جەيھون..ياكى جەيھۇن..ھونلارنىڭ جايى نامىدا ئاتالغانلىقى ۋە مۇشۇ دەريا ۋادىلىرىنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ سياسى مەركىزى بولغان "ئۆتتۈكەند " ئەتراپلىرىغا باغلاپ قارا قۇرۇم دەپ ئاتىغان بولىشى ئېھتىمالغا بەكلا يەقىن..،

~~~~~~~~~~~~~~`

(2قۇرۇلۇن دەرياسى دىگەن نام توغرىسىدا .

چىڭگىزخان ئۇنۇن دەرياسى بىلەن قۇرۇلۇن دەرياسى قوشۇلغان جايدا دەپنە قىلىنغان ( ھالبۇكى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ شىخشۇ(چوخشى) تاغلىق يېزىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە "كوكارت"، "كىچىك ئارت"، " قۇلان باغلار" داۋانلىرى باشلانغان جايدا بىر دەريا بولۇپ كونكرېتنى ئىسىم قويۇلمىغان بولسىمۇ لېكىن بۇ دەريانى تەبىي توساق بولۇپ تۇسۇۋالغان تاغنىڭ يول ئېغىزى "قۇلان باغلار داۋان" دەپ ئاتىلىدۇ..ھەمدە مۇشۇ ئەتراپتىكى "رەسكەم"ئارقىلىق كەشمىرگە ئۆتۈشتىكى تاغ جىلغىسىنىڭ نامىمۇ "قۇلۇن ئاغۇ،قۇنناغۇ " دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا "قۇلۇن ئاغۇ" دىمەكلىك دەل قۇلۇن جىلغىسى دىمەكلىكتۇر!...مەيلى قۇلان باغلار داۋىنى بولسۇن مەيلى قۇلۇن ئارغۇ جىلغىسى بولسۇن ھەممىسى دەل "قۇلان دەرياسى"دىگەن نامدىكى دەريانىڭ ۋاستىلىق ئىسپاتى خالاس!...بۇ دەرياغا "قۇلان دەرياسى"دىگەن نامنىڭ قويۇلماسلىقىدىكى سىر بەلكىم ناھايىتىمۇ مۇھىم بولۇشى مۇمكىندۇر،

چۈنكى چىڭگىزخان دەپنە قىلىنغاندا بارلىق دەلىل ـ ئىسپاتلار.. ئادەم ۋە جانلىق ھايۋانلارغىچە.. ھەممىسى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندۇر ...

(3بۇرھان خالدۇن ئاتالغۇسى توغرىسىدا .
~~~~~~~~~~~~~~

تارىخىي يازمىلاردا بۇ جاي "بۇرھان خالدۇن" "بۇرقان قالدۇن، بۇرقان ئالدۇن " شەكلىدە ئۇچرايدۇ، بۇ بولسا چىڭگىزخان دەپنە قىلىنغان جاينىڭ كونكرېتنى نامى بولۇپ (چىڭگىزنامىنىڭ 36 ـ بەتىدە مۇنداق دېيىلگەن "چىڭگىزخان بىر كۈن سەير ئۈچۈن ئاتلىنىپ ئىدى...بىر سەھنە يەردە بىر تۈپ دەرەخت كوردى..خوش كەلدى..تۈۋىدە ئولتاردى..قاشىدىكى ئۇمەرالارغە ئەيتتىكى : ئەگەردە مەن ئۆلسەم مەنى شۇبۇ دەرەخت تۈۋىدە دەفن قىلىڭلار...بۇ يەردە مەن فەرھ تاپتىم دەپ،...ئۇل يەرنىڭ ئاتىنى "بەرقان قالدۇن" دەر ئەردىلەر...، چىڭگىزنامە دىگەن قولىيازمىدىمۇ بۇ نام توغرىسىدا ئوخشىمىغان جايىدا ئوخشىمىغان خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ..مەسىلەن : 45 ـ بەتتە تولىخاننىڭ ئۆلىمى سەۋەبىدىن باياندا مۇنداق دېيىلگەن :رەنجۇر بولۇپ بىر تەرەپ بولدى..ئانى بۇرقان ئالدۇندا دەفن قىلدىلار...، 43 ـ بەتتە ئوكتاينىڭ ئۆلىمى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن : قەدىمۇلەييام پايتەختى موغۇلىستان ـ قارا قورۇم ئىدى چىڭگىزخان ۋەفات بولۇپ 15يىلدىن كىيىن ئوكتايخان ئالەمدىن ئوتتى، چىڭگىزخاننىڭ قاشىدا بۇرقان ئالدۇندا دەفن قىلدىلار، تولى ھەم ئالدۇن دا ياتتىلار...) قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ چوخشى يېزىسى چوپ كەنتىنىڭ ئاياغ چوپ كەنتىدە بىر "مۇقەددەس مازار" لىق بولۇپ يەرلىك كىشىلەر بۇ مازارنى "دىۋانى بۇرقۇم"،"ھەزرىتى بۇرقۇم"، "بۇرقۇم ئەۋلىيا " دىگەندەك ناملاردا ئاتايدۇ،بۇ مازارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى يەركەند دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئەقىنى بىلەن "قۇرۇلۇن دەرياسى"نىڭ يەركەن دەرياسىغا قوشۇلۇش ئورنىنىڭ سەل باش تەرىپىگە جايلاشقان!....بۇ مازار توغرىلىق خەلق ئارىسىدا ئادەم ئىشەنگۈسىز سىرلىق رىۋايەتلەر تارقىلىپ يۈرۈيدۇ..مازارلىق جايلاشقان دەريا قەرىنىڭ بويىدىكى قىيا تاشتا قارا رەڭلىك سىزىقچىلار بولۇپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئەيتىشىچە: كوزدىگە سۈرمە تارقان...دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كەيگەن..ئوقياسىنىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرغان ھالەتتىكى ئاق ئاتقا مىنگەن بۇرقۇم ئەۋلىيانىڭ خاسىيەتلىك سىماسىنى كورگەنلىكىنى...، بۇ ئامەتنىڭ پەقەتلا ئىمانى كۈچلۈك، بۇرقۇم ئەۋلىياغا يامان نىيەتتە بولمىغان، ساداقەتمەن بەندىلەرگىلا نىسىپ بولىدىغانلىقىنى... ئەگەردە بۇرقۇم ئەۋلىياغا يامان كوزدە قارىغۇچىلار بولسا.... مۇبارەك ھەزرىتى بۇرقۇمنىڭ جامالىنى كورەلمەيلا قالماستىن بەلكى بۇ جايغا يەقىنلاشسا دەرھاللا قان قۇسۇپ ئولىدىغانلىقىنى... ھەمدە يەقىندا يۈزبەرگەن ۋەقەلەر ئارقىلىق... دىنسىز ياكى تاھارەتسىز ئادەملەرنىڭ بۇرقۇم ئەۋلىياغا يەقىنلاشسا ئىنتايىن يامان ئاقىۋەتتە قالىدىغانلىقى توغرىسىدا زوق ـ شوق بىلەن سوزلىشىدۇ ..!

ھەتتا چوپ كەنتدە يۈز بەرگەن ئومۇميۈزلۈك بولغان ئەرسىي كوز كسەللگنمۇ (ئەلۋەتتە بۇ كسەللك جۇغراپيەلك بكنمچلك سەۋەبدن يەقن تۇققانلار ئارسدا نكاھلندشنڭ ئۈزۈلمەي داۋاملشدشدن شەكللەنگەن..) بۇرقۇم ئەۋلياننڭ مۇبارەك نۇرلۇق جامالغا تولا قاراۋەرگەچكە..بۇرقۇم ئەۋلياننڭ جامالدن چققان كۈچلۈك نۇر كوزىمزنى چەقسپ..شۇنداق قلشۋەتكەن..دەپ بلدۇ ...!

(4خاسيەتلك ياڭاق دەرخى توغرسدا .

چڭگزخان دەپنە قلنغان جايدا بر تۇپ ياڭاق دەرخنڭ بولغانلغى..ۋە بۇ دەرەخنڭ چڭگزخان دەپنە قلنغاندن كينكى زامانلاردا بارغانسرى كوپيىپ..زور ئورمانلققا ئايلنپ كەتكەنلگنى بلمز...براق بۇرقۇم ئەۋليا جايلاشقان تاغ باغردمۇ خۇددى شۇڭغا ئوخشاش سرلق ياڭاق دەرخى بار!...ھالبۇكى بۇ جايدكى ياڭاق دەرخى زور ئورمان ھاسل قلالمغان بولۇپ پەقەتلا بر تۇپلا ئدى...مەنڭ ئۇ ياڭاق دەرخى بار جايغا چقشم بەلكم ئاي شارغا چقشتنمۇ قەيىن بولسا كرەك؟..چۈنكى شۇ جايدكى قانۇنلاشقان ئورپە-ئادەتلەر سەۋەبدن بۇ ياڭاق دەرخى بار جايغا پەقەت ۋە پەقەتلا بۇرقۇم ئەۋلياننڭ شەيخى بولغان موتۋەر زاتلا يلدا بر قەتم پەقەت بر قتملا چقەپ..ئۇ جايدكى تۈغ-شەددلەرنى(مازار جايلاشقان تاغ چوققسغا قادالغان ئاق...كوك..قزل رەڭلك بايراقچەلەر...)ئالماشتۇرۇپ كرش شەرپگە مۇيەسسەر بولالايدكەن!...بۇ ياڭاق دەرخنڭ مۋسى سوقاچاق بولۇپ باشقا ياڭاقلارنڭ مۋسگە ئوخشمايدكەن...بۇرقۇم ئەۋلياننڭ شەيخى بولغان كشگە بۇ ياڭاقنڭ مۋد سدن بۇرۇنلاردا بر دانە ئۇچرغان بولۇپ...بۇ مۋە كەلگەنلا جايغدا..كەلگەنلا ئادەمگە ئۇچراۋەرمەيدكەن..پەقەتلا بۇرقۇم ئەۋليا ياقتۇرغان ئادەملەرگلا ئومردە برەر قەتم ئۇچراپ قالدكەن!...بۇ مۋنڭ خاسيتى شۇنداق كاتتا ئكەنكى..ھەرقانداق ئاغرپ قالغان ساقايماس كسەل مۇشۇ مۋنى سۈركەپ قويسلا ساقيىپ كتەرمش!...ئاڭلشمچە بۇرقۇم ئەۋليا ھازرمۇ تردك بولۇپ..تا قايامەتكچە پۈتكۈل ئىنسانيەت ئولسمۇ..ئەيسا ئەلەيھسسالام بلەن ھەزرتى بۇرقۇم ئەۋليالا ھايات تۇرارمش!...(نەۋزۇبللاھھھ!!!)بۇرقۇم ئەۋليا ھايات ۋاقتدا "مۇسا " ئەلەيھسسالام بلەن ئۇستۇنلۇك-ئۇلۇغلۇق تالشپ قەلپ مۇشۇ تاغقا ئۇچۇپ چقشنى بەسلشپتۇ..مۇسا ئەلەيھسسالام 4قەتم موللاق ئەتپ ئاراننندا...بۇ تاغنڭ ئۇستگە چقپتۇ..بۇرقۇم ئەۋليا بولسا بر مۇ موللاق ئەتمەستىن بلەنلا تاغنڭ يەرمغا برپتۇ..شۇندا ئاللاھ ئۇنڭغا ندا قلپ : ئەي..بۇرقۇم...سەن پەيغەمبرم مۇسادنمۇ

ك ۈچ-قۇدرەتتە ە ئە شسپ كەتمەكچمە ۇ؟..س ەن مۇش ۇ جاي دا ت ا قىيامەتكىچە ە تۇر!..دەپتۇ...شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى بۇرقۇم مۇشۇ تاغدا(تۇر تاغى) تۇرۇپ قالغان ئىكەن...ئۇ كىشىلەر نەزىرىدە "ئاللاھنىڭ ئەركىسى" دەپ ئاتالغان ئىكەن....بۇرۇنلاردا ھەر يىلى قۇربان ھەيتتا جاھاننىڭ تۆرلۈك ئىقلىملىرىدىن ئادەملەر كېلىپ "بۇرقۇم ئەۋلىيا سەيلىسى" ئەلىپ باراكەنمىش...ھازىرمۇ بۇ مازارغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تاۋاپ قىلىپ كېتىشىدىكەن...ھەتتاكى يەرلىك ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ھەرەمگە ھەجگە بارغۇچە مۇشۇ مازارنى تاۋاپ قىلسا ساۋابى ئۈنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولارمىش ...!

(5ئىراندىكى شەھرى سۇلتانىيەدىكى "دىۋانى بۇرقۇم" مازىرى توغرىسىدا .

ئاڭلىشىمچە ئىراننىڭ سۇلتانىيە شەھرىدە "بۇرقۇم ئەۋلىيا"نامىدا بىر كاتتا مازارلىق بار....ھالبۇكى "چىڭگىزنامە" دىگەن كىتاپنىڭ 58-بەتلىرىدە مۇنداق بىر ۋەقە خاتىرلەنگەن :خان بولۇپ بىر يىلدىن كىيىن "شەھرى سۇلتانىيە"نى بىنا قىلىپ تەختىگاھ ئەتىپ ئوزى ياتقالى ئىمارەتى ئالىي ئەتىپ شۇ ئىمارەتتە دەفن قىلىنىدىلار....غازانخان نەۋۋەرە قەبرىدىن ئىلگىرى ئىراندا موغۇللارنىڭ مەقبەرىسى مەلۇم ئىرمەس ئىدى...،

ئۈنداقتا ئىراندىكى "بۇرقۇم ئەۋلىيا" بىلەن قاغىلىقنىڭ چوپ كەنتىدىكى "بۇرقۇم ئەۋلىيا"نىڭ نىمە مۇناسىۋىتى بار؟...بۇنىڭغا بىرەلەيدىغان جاۋابىمىز بىرلا بولۇشى مۇمكىن!..ئۇ بولسىمۇ ئىراندىكى"بۇرقۇم ئەۋلىيا"دا چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجىخان ياتىدۇ...چۈنكى چىڭگىزخان جەمەتىدە پەقەت جۇجىخانلا چىڭگىزخان بىلەن بىر جايدا دەپنە قىلىنمىغاندۇر...ئۇ قىپچاق دالاسىنىڭ خانى ئىدى، چوپتىكى "بۇرقۇم ئەۋلىيا"دا بولسا دەل چىڭگىزخان ياتىدۇ ...!

(6ئۇۋەيسىم مازىرى توغرىسىدا .

شىخشۇ(چوخشى) يېزىسىنىڭ قارا باققۇ دىگەن يايلىغىدىكى تاغ چوققىسىدا بىر مازارلىق بولۇپ يەرلىك كىشلەر بۇ جاينى "سۇلتان ئۇۋەيسىم" ياكى "ۋەيسىم" دەپ ئاتايدۇ، بۇ جاينىڭ ئەتراپىغا يەنە "سەرىق ساقال خوجا ئابدۇرەخمانىي".."قوچقار ئاتا" ۋە "يەتتە قىزلىرىم" مازارلىرى جايلاشقاندۇر ..!

رىۋايەتلەرگە ە ك ورە "س ۇلتان ئۇۋەي سىم" ھ ەزرىتى بۇرق ۇم بىل ەن بەسلىشىپ قاپتۇ..ئىككىسى بىر بىرىگە قارىتىپ تاش ئەتىپتۇ...ئۇۋەيسىم قارا باققۇدىن ئاتقان تاش ئۇچۇپ كېلىپ "قۇلان باغلار داۋان"نىڭ ئايىغىدىكى "شالاخشى" دىگەن جايغا چۈشۈپتۇ )چوپ كەنتىدە شالاقشى، بالاقشى، شۇلاقشى، سىپانلاقشى، سوغانلاقشى، ھونلاقشى،

يەكەلاقشى،لەۋلاق شى . .قاتارلىق 9 لاقشى بولۇپ مەنىڭچە بۇ نامالارنىڭ كىلىش مەنبەسى موڭغۇلچە بولۇش ئېھتىمالى زور..) بۇرقۇم ئەۋلىيا ئاياغ چوپپتىكى ئۆزى تۇرغان جايىدىن ئاتقان تاش ئۇچۇپ كېلىپ دەل ئۇۋەيسىم مازىرىغا كىرىدىغان جىلغا ئاغزى ئىككى بەلدۇ گە(ئىككى بەلدۇ.تاغنىڭ ئىككىگە بولۇنگەن جايى..) چۈشۈپتۇ..شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئۇۋەيسىم ھەزرىتى بۇرقۇم ئەۋلىياغا باش قويۇپ ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ كاتتا ۋە ئۇلۇغلىقىنى تەن ئالغان ئىكەن...،"شالاقشى"دىگەن جايغا چۈشكەن تاش ھازىرمۇ بار بولۇپ..."ئىككى بەلدۇ"گە چۈشكەن تاش ئازاتلىقتىن كىيىنكى يىللاردا نامەلۇم سەۋەپلەرگە كورە يوقاپ كەتكەن..ئاڭلىشىمچە بۇ يىزىدا بۇرۇنلاردا بەر ئادەت بولۇپ، يۇرتتىكى پەھلىۋانلارنى مۇشۇ تاش نى كوتۇرگۇزۇپ..كىم ئۇزاق كوتۇرەلىسە شۇنى باتۇر..پەلىۋان دەپ نام بىلەن ئاتايدىكەنمىش...شۇ سەۋەپتىن بۇ تاشنىڭ نامىنى ھازىرمۇ "پەلىۋان تاش" دەپ ئاتايدىكەن، بۇ رىۋايەتتە بۇرقۇم ئەۋلىيا-چىڭگىزخان بىلەن سۇلتان ئۇۋەيسخان-ئۇنىڭ نەۋرىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلۇغلۇقنىڭ كۈچ سىنىششى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئەلۋەتتە!..لىكىن سۇلتان ئۇۋەيسىمنىڭ مەقبەرىسىنىڭ غۇلجىدىن بۇ جايغا قانداقلارچە "كوچۇپ" كەلگەنلىكى مەنى ئەجەپلەندۇرىدۇ؟..بەلكىم غۇلجىدىكى "ساختا" قەۋرىگاھمىدۇر يە؟..ۋە بەلكىم چىڭگىزخان قەۋرىگاھىنىڭ سىرلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى شۇنداق ساختا دەپنە مۇراسىملىرىنى ئىزچىل ئوتكۇزۇپ كەلگەنمىدۇر يە؟...

(7سۇلتان سادىق پاشايىم مازىرى .

چوخشى يىزىسىنىڭ باش چوپ كەنتى سوتكەش مەھەللىسىنىڭ ئاخىرىدا سۇلتان سادىق پاشايىم نامىدا بەر مازار بار...مازاردا ئالاھىدە ئالامەتلەر يوق...بەر مەسچىت...ۋە دەرياننىڭ قارشىسىدا ساقلىنىپ قالغان ئىككى توپ ئارچا دەرىخى بار...لىكىن بۇ مازارنىڭ سەل توۋەن تەرىپىدە تاغ جىلغىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تىك كەتكەن قورام تاشلىق قيالىقتا تەخمىنەن 200مىتىر ئىگىزلىكتە بەر ئوڭكۇر بار...، ئالاھىدە ئۇسكىنىلەر بولمىسا بۇ ئوڭكۇرگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس!..ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى ئوڭكۇرنىڭ كىرىش ئىغىزىنىڭ توۋەن تەرىپىگە ياغاچ قوزۇقلار قىقىلغان بولۇپ..قاتتىق تاش قاتلىمىدىن 1-2مىترچە سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ!...بىر قاراپلا بۇنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن مەلۇم ئېھتىياجلار سەۋەبىدىن قىقىلغان ياغاچ قوزۇقلار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ!..ئۇنداقتا بۇ ئوڭكۇر سۇنيي ئۇسۇلدا قىزىلغانمۇ؟..شۇنداق بولۇپ قالسا

نىمە ئېھتىياجدىن شۇنداق خەتەرلىك ئورۇنغا بۇ ئۆڭكۈر قىزىلغان؟...بۇ مەسىلىنى ئەلمىي ئۇسۇلدا ئارخېلوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر ئاساسىدىلا ئاندىن ئېنىقلىغىلى بولۇشى مۇمكىن،

(8مىرزا ئابابەكرى قورغىنى .

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ كۆكيار تاغلىق يېزىسىنىڭ مومۇق كەنتىدە بىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تارىخىي ئورۇن بولۇپ بۇ جاينىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە تارىخىي يازمىلاردا شۇنداق دېيىلگەن : مىرزا ئابابەكرى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بولۇپ ئەينى دەۋردە خوتەندە مىرزىلىق قىلغان ئىكەن...كېيىنكى دەۋرلەردە يەركەند سەئىدىيەر خانلىقى بىلەن بولغان ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا سۇلتان سەئىدخاندىن يېڭىلىپ تىبەتكە قاچقان ئىكەن...ئۇ ئاشۇ قاچقۇنلۇق سەپىرىدە بىر قورغان سالدۇرغان بولۇپ...پەقەت 7كۈن ئىچىدىلا بۇ غايەت زور قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرگەن ئىكەن...يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئەينى دەۋردە مىرزا ئابابەكرى ھەتتاكى قورسىقىدا بالىسى بار ئاياللارغىمۇ ئەمگەك ئالۋىڭى سالغان بولۇپ...ھەتتاكى ئۇلارغا 2 ئادەملىك ئەمگەك ۋەزىپىسى بولگەن ئىكەن..سەۋەبى..قورسىقىدىكى بوۋاقمۇ ئەمگەك ۋەزىپىسى قويغان ئىكەن!...بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن كۆرە مىنىڭچە مەخپىي پۈتتۈرۈلگەن قەۋرگاھ بولۇشى ياكى قەۋرگاھ قۇرۇش ئېھتىياجلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇشى ئېھتىمالى ئىنتايىن زور !

(بۇ ۋەقە توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات ئالماقچى بولسىڭىز شىنجاڭ مەدەنىيتى جورنىلىنىڭ 2001-يىلى 05-سان 20-بەتلەرنى كۆرگەيسىز ...)

چۈنكى سۇلتان سەئىدخان ۋە مىرزا ئابابەكرىلەر چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بولۇپ.. مەنىڭ گۇمانىمچە چىڭگىزخاننىڭ تەخ ۋارىسلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆز بوۋىلىرىنىڭ قەۋرگاھىنىڭ نەدىلىكى توغرىسىدا ئىزچىل سىرلار ساقلانغان ۋە بۇ مەخپىيەتلىكنى ۋارىسلىرىغا مىراس قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن... قاراشەھەر موڭغۇللىرىنىڭ 1944-يىلى قەشقەردىن بىر سىرلىق قاچىنى ئىزلەپ كېلىشىمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا مۇشۇ "سىر"لىق مەخپىيەتلىككە چېتىلىشى مۇمكىن ...

(9باشقا ئۇچۇرلار .

ئافغانىستاندىكى باميان بۇدداھ ھەيكەللىرى جايلاشقان ئورۇنلار ئەتراپىدا ھازىرمۇ "ھەززارىلىقلار" نامىدىكى موڭغۇل ئەرقىدىكى قەبىلىلەر توپى ياشايدۇ...دەل مۇشۇ ئەتراپتا چىڭگىزخان ئوماق نەۋرىسى "مامۇكەي"نىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقان ئىدى...،

ئەنگلىيەنىڭ 1944-يىللاردىكى قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ خانىمى بولمىش دىياندا سىپتوننىڭ "قەدىمىي ماكان" ناملىق كىتاۋىنىڭ 310-326-بەتلەردە مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنغان :

مەن ئاجايىپ قىززىق بىر نەرسىنى بايقىدىم!...دەپ جاكارلىدى ماڭا فرانسىيە مۇخبىرى سالىۋارى ئەپەندى ھاياجان بىلەن .

سالىۋارى ئەپەندى قەشقەر ۋالىيسىنىڭ ئىشخانىسىدا (ۋالىي قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى، بۇ ۋەزىپىنى ئۇيغۇر ئوتەيتتى . ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بىر خەنزۇ ئىدى (تولىمۇ قىزىقارلىق بىر ۋەقەنى ئاڭلاپتۇ : قارا شەھەر ( قارا شەھەر شۇ چاغلاردا بىر قانچە ناھىيىنى ئوز ئىچىگە ئالغان ۋىلايەت بولۇپ، خىجىڭ ناھىيەسىنىڭ تۇرغۇت، خوشۇت ناھىيەسىنىڭ خوشۇت موڭغۇل قەبىلىسى مۇشۇ رايۇنغا تەۋە ئىدى . مۇئەللىپتىن (رايۇنىدىكى موڭگۇللار خېلى زامانلار ئىلگىرىلا قەشقەرگە يېقىن جايىدا موڭغۇللارنىڭ بىر قەبرىستانلىغى بار...دەپ ئاڭلىغان ئىكەن...،

ئەيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ قولىدا بۇ قەبرىستانلىقنىڭ خەرىتىسىمۇ بارمىش... ئۇلار يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ سالا قىلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىدىگە بۇ قەبرىستانلىقنى قىزىپ بىقىش... ئەڭ مۇھىمى قەبرىستانلىقتىن ناھايىتمۇ ئەتىۋارلىق بولغان بىر قاچىنى ئىزلەيدىغانلىقى تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، ئۇلار بۇ قاچىنىڭ شۇ قەبرىستانلىققا كومۇلگەنلىگىگە ئىشىنىدىكەن، بۇ قەبرىستانلىقتا قىممەت باھالىق بايلىقلار كوپ بولۇشى مۇمكىن بولىسىمۇ ئۇزلىرىنىڭ پەقەتلا شۇ قاچىنى ئالىسىلا قانائەت قىلىدىغانلىقىنى دىيىشىپتۇ ..........................................

ۋاھالەنكى قەشقەر ۋالىيسى بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنىلا ئۇنى ئەكسپېدىتسىيە قىلىش پاالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى، سالىۋارى ئەپەندى بۇ ھەركەتكە تەكلىپ قىلىندى ... ئارايىك مەن ۋە باش كونسۇلخانا دوختۇرى بۇ پاالىيەتكە ئوزىمىز خالاپ قاتنىششىش نىيىتىگە كەلدۇق، ۋە يالڭ ئەپەندىمنىمۇ بىرگە بىرىپ تەرجىمانلىق قىلىپ بىرىشكە تەكلىپ قىلدۇق، مەنى قاتتىق تەەجۈپلەندۇرگەن بىر ئىش.. يالڭ ئەپەندىمنىڭ خانىممۇ بىز بىلەن بىرگە بارماقچى بولدى .........................................

بۇ ۋەقەدىن شۇنى ھىس قىلالايمىزكى مەيلى ئۇ قەبرىگاھتىن نىمە چىققان بولمىسۇن... موڭغۇللارنىڭ مەلۇم ساندىكى ئادەملىرى قەشقەر ئەتراپىدا ئۇزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ناھايىتمۇ كاتتا قەبرىستانلىقى بارلىغىنى بىلىدۇ!.. ھەتتاكى بۇ

قەبرىستانلىقتا ناھايىتىمۇ قىممەتلىك بىر قاچىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىدۇ!.... بۇ قاچا بولسا چىڭگىزخان بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان ئالتۇن تۇۋۇت ئىچىدىكى ئالتۇن ئوقيا.. ئالتۇن قەلىچ.. ئالتۇن نەيزە... ئالتۇن بۇيۇملار ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇم بولغان چىڭگىزخاننىڭ ئۆز ئالەمدىكى تاماق يەيدىغان قاچىسى... گوھەرلەر بىلەن بېزەلگەن يىگانە قاچا ئىدى!... موڭغۇللار دەل شۇ سەۋەپتىن پەقەت مۇشۇ قاچىغىلا قىزىققان ئىدى!... مۇشۇ قاچا بولمايدىكەن.. چوقۇمكى ئۆز چىڭگىزخاننىڭ قەبرىگاھى بولمىغان بولاتتى!...بۇ ۋەقە بىزگە ناھايىتىمۇ نازۇك بىر "سىر"دىن يەنى چىڭگىزخان دەپنە قىلىنغان جاينىڭ ئەملىي ئورنىدىن بىشارەت بىرەلمەسمۇ؟...

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ نامىنى تەھلىل قىلساقمۇ ئوخشاشلا چىڭگىزخان بىلەن مەلۇم باغلىنىشلىقنى ئىگە.. يەنى قاغانلىق دىمەك دەل پادىشالىق جاي.. دىمەكلىكتۇر ...!

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ سۇ مەنبەسى بولغان خالاستان دەرياسىنىڭ نامىنى ئىنچىكە كۆزەتسەك ئۇنىڭمۇ چىڭگىزخانغا باغلىنىدىغانلىقىنى كورۇمىز... خالاستان دىمەكلىك دەل خالدۇن ئاستان.. ياكى قالدۇن ئاستان دۇر... يەنى چىڭگىزخان دەپنە قىلىنغان "بۇرقان قالدۇن"..ياكى "بۇرخان خالدۇن "دىگەن ئىسمىدىكى خالدۇن..دۇر!... يەنە باشقىچە تەھلىل قىلساقمۇ نەتىجە ئوخشاش.. خالاستان دىمەك ئاستاننىڭ خالى دىمەكتۇر~!...ئاستانە دىمەك ئوردا دىمەكتۇر!....خالاستان دەرياسى ۋادىسىدا ئاقاز داۋاننىڭ ئىچىدە جىلغا بويىدا "يولۋاس تاش" نامىدا بىر جاي بار بولۇپ بۇ يەردە ئوڭكۆرسىمان كامار ئىچىدە باشقىلار تەرىپىدىن ئورنىتىلغانلىقى ئەنىق بولغان بىر ھەيكەل بار...(توغراق.خىلۇبىس... com.مۇقەددەس بورە سىماسى..دىگەن رەسىمنى كورۇڭ..)بۇ ھەيكەلنىڭ ياسىلىش شەكلى...(يول ياسىغۇچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى سەۋەبىدىن قىزىل بوياقلار بىلەن بويىۋىتىلگەن ۋە بەزى جايلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.. لىكىن ھازىرمۇ ئۇنىڭدىكى كۆك سىزىقچىلارنى..ۋە ئۆڭ تەرەپتىكى كۆزنىڭ ئىنچىكە تەسۋىرلىرىنى ئېنىق كورگىلى بولىدۇ..) بۆرىگىلا ئوخشايدۇ.. قەدىمقى ئۇيغۇر-تۈرك تىللىرىدا بورىنى يولبارس دەپمۇ ئاتىغان... بۇ تاش ھەيكەلنىڭ ئالدى تەرىپى چوخشى يىزىسىنىڭ "كۆرتلۇغۇن" داۋىنىغا قاراپ تۇرىدۇ.. ھالبۇكى كورتلىغۇن داۋان دەل "بۇرقۇم ئەۋلىياغا بىرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەلدۇر!.. "كۆرت "دىمەكلىك موڭغۇل ۋە تۈركي تىللاردا "بۆرە" دىمەكلىكتۇر...بۆرە دەل ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل ئېرقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇتۇم قىلغان ئىلاھىي ھايۋىنىدۇر!..چىڭگىزخانمۇ ئۆزىنىڭ بويىنى ئوزىنىڭ كوك بورە ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆرەشكەندۇر ..!

بۇ تاش ھەيكەلگە ئىشلىتىلگەن تاشنىڭ ماتېرىيالىمۇ دەل "شالاقشى" دىكى "پەلۋان تاش" بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگىدۇر!...مۇشۇ تاش كورسەتكەن يولنىڭ قارشىسى-شىمالىڭ يولنى بويلاپ ماڭغاندا چوقۇمكى "كۆدە" دىگەن جاي ئارقىلىق "جوداق"تىن ئوتۇپ "شەرق داۋان"دىن ئۆتۈپ..ئاندىن "مازار"غا بارىمىز بۇ ئاتالغۇلارنىڭمۇ چىڭگىزخان بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بار ئەلۋەتتە!... "كۆدە" دىمەكلىك موڭغۇل تىلىدا گۈزەل يە ايلاق دىمەكلىكتە ۇر..."ج وداق" دىم ەكلىك بول سا تاۋاپ گاھ..مۇق ەددەس جاي..دىمەكلىكتۇر....ئۇنداقتا چوقۇمكى "مازار" دىكى مازاردا ياتقان جەسەت ياكى سۇلتان سەئىدخانغا ياكى چىڭگىزخاننىڭ ئامراق ئايالى بولمىش "قۇلان خاتۇن"غا ئالاقىدار بولۇش ئېھتىمالى ئىنتايىن زور بولىدۇ!....مازار ھازىرمۇ بۇ جايدىن كەشمىرگە ئۆتۈشتىكى بىردىن بىر يولدۇر ....

چىڭگىزخاننىڭ دەپنەگاھىنى بۇ ئەتراپتا تاللىشىنىڭ نۇرغۇن ئېھتىماللىقى بار ئىدى ...............

تارىخي ئۇچ ۇرلارغا ك ۆرە چىڭ گىزخان ۋە ئ ۇنىڭ چ وڭ ئوغل ى ج ۇجىخاننىڭ تومۇر ىدىكى ق ان ت ۈركي مىلل ەتنىڭ.. ئېنىقىن ى قىلىپ ئېيتقان ىدا مەكرىي ەت تۆرد سى توقابەگ(ئىسمىدىنلا ئۇنىڭ تۈركي مىللەت ئىكەنلىگى بىلىنىدۇ..) ۋە ئۇنىڭ تۇققانلىرىدىن بىرىنىڭ قېنى ئىدى... چىڭگىزخان كەسكىن ھاكىمىيەت كۆرەشلىرىدە بۇ نۇقتىنى ئىزچىل ئىنىك ار قىلغ ان بىل ەن لىك ن ئۆزىنى لڭ ئاتىسىغا بولغ ان ئىچك ى تەلپۈن شىنى يوش ۇرۇپ قالالمىغ ان!... ئ ۇنىڭ ق ۇلان خات ۇن(مەكرىي ەت تورد سىنىڭ قىزى)غ ا ئ امراقلىقى ب ۇ سەۋەپتىن بولۇش ى مۇمكىن... ۋە يەن ە ئ ۇنىڭ ئوزىنى لڭ ئاخىرەتلىك ياتىدىغان جاينى ياركەند دەرياسى بىل ەن قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدا بىنا قىلدۇشىمۇ تىگى-تەكتىدىن ئالغان دا ھ ازىرقى مەكرىي ەت-م ەكىت ناھىيەس ى بىل ەن مەل ۇم جەھ ەتتىن باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىندۇر ..!

)كەرىيەت، مەكرىيەت دىگەن ناملار ھازىرقى مەكىت نەھىيىسى ۋە كىرە ناھىيەسى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر...چىڭگىزنامىنىڭ 18-بەتتە "شۇل ۋەقتىدە كەرەيەتنىڭ تورەسى ئوڭخاندىن ئۇلۇغ پادىشا يوق ئىدى "19-بەتلىرىدە مۇنداق بايانلار بار :خوتەن بىلەن تۇبۇتنىڭ ئاراسىدا . شول شەۋكەت ۋە ئەزەمەت بىلە كەرەيەتنىڭ دەۋلەتى ئاخىر بولدى ....،چىڭ گىزنامە 20-بەتل ەرجوراس ئايماقىنى لڭ تورەس ى جامۇق ە جىجاڭ،مەكرەي ەت ئايماقىنىڭ ئۇلۇغى توقابەگ، كەرەيەت ئايماقىنىڭ ئۇلۇغى ئەلىن تايشى يەن ە ھەم بەسى ئايماق تاياڭخانگە ئىتائەت قىلىپ ئىدىلەر (....

چ ۇنكى ياركەنـ د دەرياسـ منلـڭ ئوتتـ ۇرا ئـ ەقنى م ەكـت ناھيەسـ منى كـ سسپ ئوتـ دۇ...م ەكـت ناھيەسـ ى بول سا ئـ ەينى دەۋردـكـ ى چـڭـ گـزخانـنلـڭ قـ ساسكارلىق قىرغىنچىلىقدىن ئامان قالغان توقابەگـنلـڭ كـينكى ئـەۋلاتلىرلـڭ ياشىغان جايى بولۇشى ھ ەم مۇكـنـ دۇر ("ئادـ ل ت ۇران"نـ لـڭ ب ۇ توغرد سدا مەخ سۇس ت ەتقىقات ماقالـ سمۇ بار..)ئۇنـڭدىن باشقا يەنە مۇنداق سەۋەپلەردىنمۇ بۇ ئـشنى چۈشەندۇرۇش مۇنكىندۇر :

-1چىڭگىزخان كـسەل بولۇپ قالغاندا ئاساسلىق قوشۇنى يىراق جايلاردا ھەربىي يۈرۈشتە ئـ دى... جـ ن سۇلالـ سدىن تـ ۋپ چاقىرد شنلـڭ ئۆزىدىنمۇ شـ ۇنداق يەكۇنـ گە كـلـ ش م ۇمكـنكى چـڭـ گـزخان ئوزىنـ لـڭ ئـ ستىلاچىلىق ئۇرۇشـ منلـڭ جـ ددىي ۋەزىيتنـ ى نەزەرگـ ە ئـ ېلىپ كـ ېسلىنى ناھايتىمـ ۇ مەخ پىي ت ۇتقان... ۋە ي اكى ئـ ۇنلـڭ ب اللىرى ھاكـميەتكـ ە كـمنـ لـڭ ۋارد سلىق قىلـ شتىن ئـبـ ارەت كەسـ كـن ت اللاش ئالدـ دا ۋە بسىۋىلننىش ئالدىدا تۇرغان جايلاردىكى تۇراقسىز ۋەزىيەتلەرنلـڭ بېسىمنى كـ وزدە تۇت ۇپ... چـڭـ گـزخاننلـڭ ئۆلگەنلـ گـنى ئـ ەينى ۋاقتتـ ا سـ مرتقا ئاشـ كارىلىمغان...ھەمـ دە چـڭـ گـزخان ئول ۇپ كەتكـ ەن ق ارا ق ۇرۇم تاغلىرنـ لـڭ ئەتراپـ مغا ئامالـ سىزلىقتىن دەپـ نە قىلىۋەتكـ ەن ...پـ ەقەتلا ئوزىنـ لـڭ ھ ەربىي مەقـ سىدى تول ۇق ئـ شقا ئاشـ قاندىن كـيـ نلا ئاذـ دىن ئـ ۇنلـڭ ت ەخت ۋارد سلىرى چـڭـ گـزخاننلـڭ ئۆل ۇمنى ئاذـ دىن جاھانغا ئاشكارىلىغان ....

-2ئامراق ئايالى قۇلان خاتۇن ۋە ئارزۇلۇق نەۋرىسى مامۇكـەي باتۇرنلـڭ ئولۇپ كەتكەن جاينى ئوزىنلـڭ دەپنەگاھى قىلىپ تاللىشى ھەم مۇمكـنـ دۇر..ئـەينى دەۋردە بۇ ئەتراپتا بۇدداھ دىنىنلـڭ تەسىردىن مـلـڭ ئۆيلەرنى قىزىپ-ياساش...ت اغ ممـارچىلىقى كامالەتكە يەتكـەن...ۋە ئـ سلام دىنىنلـڭ تەسىردە بۇ ھۇنەر كـىرىزـ سقا پاتقان دەۋرلەر ئـ دى...دـمـ ەك ئـ ەينى دەۋر جەمىيتـ دە ب ۇ ھۇنەرگـ ە ۋارسـ لىق قىلغـ ان ئۇسـ تىلار ب ار ئىدى..تاغ ئىچىدە بىناكارلىق قىلالىغۇدەك ئۇستىكارلار ۋە شۇنـڭغا لايىق تەجرىبلەر ب ار ئـ دى...موڭغۇللارنلـڭ شامان ئېتىقادى بويىچـ ە بولغانـ دا ت اغ، سۇ ئورمـ ان...ئىلاھىي نەرسلەر ئىدى...شۇڭا ئۇلار ئوز قەۋردىگاھلىرىنى دەل مۇشۇنداق سىرلىق جايلارغـ ا..كـۇن چىقىـ ش يولۇنـ شىدىكى ئاسـ تىدىن سـ ۇ ئـ ېقىپ ت ۇرغان خەتـ ەرلىك ت اغ باغرىغـ ا ياسـ مغان ئـ دى.....م ەن بايقىغـ ان نۇرغـ ۇن ئـ ىزلاردىن شـ ۇنى بايقىـ دىمكى ت اغ ئىچـ دىكى قەۋرد گاھلارنلـڭ كۆپىنچـ سى خەتـ ەرلىك قىيـ ـالار...شـ اۋقۇنلۇق..دەريـ ـالار...ئـ گـز ۋە م ەنزىرىلىك تاغلارنـ لـڭ كـ ۇن چۈش ۇپ تۇرد دىغان شـ ەرقىي يانباغرلىرد دۇر!...شـ ۇنداقلا ئادەمنلـڭ بېرىپ-كـېلىشى ئۇچۇنمـۇ ئـنتايىن كۆپ تـەبئىي توساقلار شەكىللەنگەن پـنهان

تاغ جىلغىلىرىدۇر!...چىڭگىزخان بەلكىم بۇ ئەتراپتىكى بۇدداھ ئىبادەتخانىلىرىدىن ئىلھام ئەلىپ ئۆزىگە ئاخىرەتلىك مېھمان-سارايى سالدۇرغان بولۇشى ھەم مۇمكىندۇر...چۈنكى ئۇ ۋەقەت مۇشۇ جايىنىڭلا ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ئاراملىق بېرەلەيدىغان...دۇنيادىن تولىمۇ يىراقتىكى ھەقىقىي پىنھان جايلىغىنى بايقىغاندۇ؟..ياكى كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ خۇددى "مۇتانزى تەزكىرىسى"دە بايان قىلىنغىنىدەك "ئىلاھ"لارنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغاندۇ؟...شۇڭلاشقا ئۆزى ياتقان مۇشۇ مۇقەددەس زېمىننى قوغداش ۋەزىپىسىنى چاغاتايخانغا مىراس قالدۇرۇپ..ئۇنى بۇ زېمىننىڭ پاسبانلىقىغا تەيىنلىگەندۇ؟...(چۈنكى چىڭگىزخان تەخت ۋارىسىنى چوڭ ئوغلى جۇجىغىمۇ بەرمىگەن.. چاغاتايغىمۇ بەرمىگەن.. بۇ بولسا نورمالسىز ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى ئىدى )

ئاخىرقى يەكۈن شۇكى: چىڭگىزخان، ئوكتايخان، تولىخان، قۇلان خاتۇن، ئۆۋەيسخان، مىرزا ئابابەكرى، سۇلتان سەئىدخان، بۇراقشاھ... لارنىڭ قەۋرىسى دەل قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ چوخشى (شىخشۇ) كوكيار، ئۆششارباش، يېزىلىرىدا.. ۋە تاشقورغان تاجىك ناھىيەسىنىڭ تاغلىرى ئارىسىدىكى سىرلىق مازارلاردا كۆمۈلۈپ ياتماقتا!.... چىغاتاينىڭ قەۋرىسىمۇ مۇشۇ بۇرقۇم ئەۋلىيالاردا.. ياكى ناھايىتىمۇ ئاز ئېھتىماللىق چىڭگىل ناھىيەسىدە بولۇشى مۇمكىن!...جۇجىخاننىڭ قەۋرىسى بولسا ئىراننىڭ سۇلتانىيە شەھىرىدىكى "بۇرقۇم ئەۋلىيا" نامىدىكى مازارلىقلاردا ئۆز ئەۋلاتلىرى بىلەن بىرگە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتماقتا!.... ئالاھىدە تەكىتلەيدىغىنىم قەشقەر، خوتەن، تاشقورغان تەۋەسىدىكى بارلىق مازارلىقلارنى چوقۇم ئىلمىي ئۇسۇلدا ئەتراپلىق.. سىستېمىلىق ھالدا تەكشۈرۈپ چىقىش كېرەك... ئىشىنىمەنكى بۇ جايلارنىڭ تەكشۈرۈلۈشىدىن چىققان نەتىجە چوقۇمكى چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ ئىچىلمىغان سىرلىق چۈمپەردىسىنى جاھانغا نامايان قىلغۇسى ......!

(بەلكىم باشقا تىللاردىكى يازما مەنبەلەردە بۇنىڭدىنمۇ تەپسىلىرەك.. ئۆچۈرلار باردۇر..لېكىن مېنىڭ سەۋىيەم چەكلىك بولۇشى سەۋەبىدىن باشقا تىللاردىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئىمكانىم بولمىدى..ئەپسۇسسسس) ...

**1987-يىلى...2001-يىللار...قاغىلىق...تۇرھون توختى توغراق**

(خاتىمە ئورنىدا شۇنى قوشۇمچە قىلاي..مەن ئەسلىدە بۇ تېما ئۈستىدە يەنىمۇ ئەتراپلىقراق... تېخىمۇتەپسىلىرەك.. توختالغۇم.. تېخىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ.. ماتېرىيال توپلىغۇم بار ئىدى... ئەپسۇسكى ئەتراپىمدىكى بەزى قىسىم گۇمانخور ئەبلەخلەرنىڭ

ئىزىمغا چۈشۈۋىلىشى... مېنىڭ تاغقا بولغان تەكشۈرۈشلىرىمنى بۇرمىلاپ چەتئەلگە قاچماقچى.. دىگەن گۇمانلار بىلەن مېنى نازارەت قىلىشى ئارقىسىدا بۇ مۇمكىنچىلىك ئىشقا ئاشمىدى ...!

**1999** - يىلىدىن بېرى ئاپتونوم رايۇنلۇق مۇزېي ۋە ئالاقىدار ئارخىلوگىيە تارماقلىرىغا خەت يازغان... ۋە باياقاشلىرىمنى ئۇلارغا ئەۋەرتكەن.. ھەتتاكى ئۆزۈم بېرىپ ئۇلار بىلەن كورۈشۈپ بۇ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغان بولسامۇ ئۇلارنىڭ سەممىي مۇئامىلىسىگە ئېرىشەلمىدىم ...!

كېينچە تور ئارقىلىق بۇ ساھادىكى ئىلىم ئەھلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ... ئورتاق ئىزلىنىش ئۇمۇدىدە بولغان بولسامۇ ئەپسۇسكى يەنىلا شۇ ئاتالمىش گۇمانخور ئەبلەخلەر تورغىمۇ ئۇسسۇپ كىردى... بۇ مۇمكىنچىلىككىمۇ سايە ئەگەشتى!... مېنى نازارەت قىلىشى...بوغۇشنى كۈچەيتتى!... ھەتتاكى دولەتنىڭ مەخپىيەتلىگىنى چەتئەلگە ساتقان بولىشى مۇمكىن.. دىگەن گۇمانلاردىمۇ بولۇشتى..تۋۋاااا.... ئۇلار نىمە دىگەن گۇمانخور ۋە قارا نىيەتتۇر ھە؟... بىلمەمدىغاندۇ؟... مېنىڭ ئىزچىل ھالدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە سىرتقى دۇنيا بىلەن يېپىق ھالدا ئالاقىدە بولۇۋاتقىنىمنى؟.. ئەكسىچە ھەر دەرجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن بولسا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىۋاتقانلىغىمنى؟....مانا بۈگۈن ئاخىرىدا تىخى تولۇق ئىشلەنمىگەن...يۈزەكى باياقاشلىرىمنى تاشقى دۇنياغا ئوچۇق ئاشكارىلىدىم!...بەلكىم ئاپتونوم رايۇنلۇق ئارخىلوگىيە ئورۇنلىرى مەن تاپشۇرۇپ بەرگەن يازمىلىرىمنى ئەخلەت خانىغا چۆرۈۋەتكەن بولىشى...ۋەياكى.. ئەينى دەۋردە بىر باشلىق تەكەببۇرلۇق بىلەن ئېيتقاندەك "بۇ ساھەگە ھەۋەس قىلىپ قاپسىز...ھەۋەسكىز تولىمۇ قىزىقارلىق ئىكەن..."دىيىشى ھەم مۇمكىندۇر!!!...مەن دۇنياۋى مەشھۇر بۇ ۋەقەنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىزلىنىۋاتقان سانسىزلىغان ئىنسانلار ئېچىدىكى پەقەتلا بىرسى خالاس!...بەلكىم ئىزلىنىشلىرىم تولىمۇ ئەپتىدائىي ئۇسۇلدا...تولىمۇ نادانلارچە...تولىمۇ...ناچار شارائىتلاردا ئېلىپ بېرىلغاندۇ؟....شۇنداقتىمۇ مەن ئۆزۈم بايقىغان بۇ تەپسىلاتلارنى ھىچبىر ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر دەپ قارىمايمەن ....!

بۇ ساھەدە ئىزلىنەلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن باياقاشلىرىمنى ئاشكارىلىدىم..باشقا نىيىتىم يوق...ھەقىقەت ئىزلەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ .....!